# قەتئىي تۈردە پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجاد قىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يۈز مىليونلىغان خەلق بىلەن بىرلىكتە قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا يېڭى دەۋردىكى ياشلىق باھار ناخشىسىنى پۈتۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتى پارتىيەنىڭ ياشلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ياشلار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، كەڭ ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، تالانتىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ياشلار خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەڭ ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنى قەتئىي تۈردە پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن شى يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ياشلار خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەلىي خىزمىتىدە ئاڭلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. كەڭ ياشلارنىڭ غايە - ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ، دادىللىق بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئالىيجاناب پەزىلەتنى تاۋلاپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەر، يول ئاچقۇچىلار، ئۆزىنى بېغىشلىغۇچىلاردىن بولۇپ، ياشلىق باھارى ۋە تەرى ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ گۈزەل سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ شياۋدۇ، گو شېڭكۈن، خۇاڭ كۈنمىڭ، يوۋ چۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، گۇ شېڭزۇ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ 1 - شۇجىسى خې جۈنكې سۆز قىلدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ 1 - شۇجىسى خۇەي جىنپىڭ خەلق تەشكىلاتلىرىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ دائىمىي شۇجىسى، 12 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋاڭ خۇڭيەن ۋە 26 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋاڭ شېڭبو ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 26 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا ۋاڭ خۇڭيەن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، مائارىپ تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 27 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەر ساھەدىكى ياشلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بولۇپ تەخمىنەن 3000 كىشى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى خۇلاسىلىنىدۇ، كەلگۈسى بەش يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسى تەتقىق قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ، «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ بەلگىسى بېكىتىلىدۇ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى ۋە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇتەخەسسىسلەر تايانچىلارنى يېتەكلەش، ئۇستازلار شاگىرتلارنى يېتەكلەش» ۋەكىللىكىدىكى دوختۇرلارنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى «قايتا تاۋلاش» ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى «يەرلىكلەشتۈرۈش»كە پائال تۈرتكە بولۇپ، شۆيۈەن بىلەن تەربىيەلەش پىلانى تۈزۈش، شۇ جايدىكى كەسپىي تايانچىلارنى ياردەم بېرىدىغان دوختۇرخانىلارغا بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش ۋە ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، تۈرلۈك لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى تېببىي خادىملارنى تەربىيەلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، «قان بېرىش»نى «قان ئىشلەش»كە ئۆزگەرتىپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايدىكى دوختۇرلارنىڭ ماھارەت سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

مۇنەۋۋەر كلىنىكىلىق تېببىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز تېببىي ماگىستىرلىق كەسپىي ئۇنۋانى ئاسپىرانتلار مائارىپىنى كېسەلخانا دوختۇرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەربىيەلەش بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇپ، كلىنىكىلىق ئەمەلىيەت ئوقۇتۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېببىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز كېسەلخانا دوختۇرلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەربىيەلەش بويىچە تەربىيەلىنىۋاتقان كۇرسانتلارنىڭ تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە ئاسپىرانتلىققا ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىلتىماس قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېبابەت بىلەن مائارىپنىڭ ھەمكارلىشىپ ئادەم تەربىيەلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كلىنىكىلىق تېببىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە 3 - دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ «ۋاكالىتەن باشقۇرۇش شەكلى» «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە ياردەم بېرىشى، يۆلىشى ئارقىلىق، «ناھىيە، يېزا بىر گەۋدىلەشكەن، يېزا - كەنت بىر گەۋدىلەشكەن» مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. «ناھىيە تەكلىپ قىلىش، ناھىيە باشقۇرۇش، يېزا ئىشلىتىش»نى يولغا قويۇپ، تەكلىپ قىلىش، تۈرۈشقا ئەۋەتىش، ئىش ئورنىدىكى خادىملارنى تەربىيەلەش، ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن، يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى نىشانلىق يېتىشتۈرۈش، كەسپىي ئىشتاتلىق يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىش، يىراق مۇساپىلىك داۋالاشما تېببىي مائارىپ مەركىزى قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، كەنت دوختۇرلىرى بوشلۇقىنى ئومۇميۈزلۈك تولۇقلاپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ كەمتۈكلۈكلىرىنى ئۈنۈملۈك تولۇقلىدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 200 مىڭغا يېقىن داۋالاش، سەھىيە خىزمەتچىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئاساسىي مۇداپىئە ۋە ساغلاملىق تەشۋىق - تەربىيەسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم چوڭ سىنىقىدا، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغداش بىلەن بىللە، تېزدىن ئۆزىنى چېنىقتۇردى، يۈكسەلدۈردى.

«بۇ قېتىم بىز دۆلەت ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزدۇق، داۋالىدۇق، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەر كۈنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش ۋە ياتاق تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندۇق، ۋالدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللىك تېببىي 2 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ما لۈك مۇنداق دېدى: مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاغرىقلارنى داۋالاش لايىھەسىنى قاتتىق تۈزۈشى، قاتتىق ئىجرا قىلىشى، قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئەستايىدىل تېببىي پوزىتسىيەسىنى تولۇق نامايان قىلىپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا قاتناشقان تېببىي خادىملارنى تېپىلغۇسىز ئۆگىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭدىن شىنجاڭدىكى ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش كوللېكتىپىدىكى بارلىق تېببىي خادىملار كۆپ نەپكە ئېرىشتى، «بىز ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ قەتئىي تۈرتكىچىلىرىدىن، ھەر مىللەت ئامما ساغلاملىقىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىلىرىدىن، تېبابەت پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بوشاشماي يول ئاچقۇچىلىرىدىن بولۇپ، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرىمىز».

---

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاسپىرانتلار مائارىپى «سۈپەت» «سان» جەھەتتە قوش ئۆستى

(بېشى 1 - بەتتە)

دىققەتنى مۇلازىمەت ئېھتىياجىغا زىچ مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇۋاپىق پەنلەر سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ياخشىلىرىنى تاللاش، ناچارلىرىنى شاللاش تۈزۈمى قوللىنىلىپ سۈپەت يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئېھتىياج يوق دېيەرلىك، سەۋىيەسى يۇقىرى بولمىغان ياكى مەكتەپ باشقۇرۇش نىشانىنى بېكىتىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان توققۇز پەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ماركسىزم نەزەرىيەسى، باشقۇرۇش ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش قاتارلىق جىددىي ئېھتىياجلىق ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش نۇقتىسىدىن توققۇزى كۆپەيتىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىسى ئورۇنلاشتۇرمىسى بەرپا قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، «ئەلالارنى يۆلەش، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، ئېھتىياجلىقلىرىنى يۆلەش» پرىنسىپى بويىچە، ھەر يىلى 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 42 ئەۋزەل، خاس پەنگە مەدەت بېرىلدى، خىمىيە، كلىنىكىلىق مېدىتسىنا، قۇرۇلۇش ئىلمى، ماتېرىيال ئىلمى قاتارلىق پەنلەر ESIنىڭ ئالدىنقى 1%ىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان «ئېگىز چوققا»، ئىختىساسلىقلارنى توپلايدىغان «ئېگىزلىك»كە ئايلاندۇرۇلدى.

ئاسپىرانتلار مائارىپى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشتا، ئاپتونوم رايونىمىز ئاسپىرانتلار مائارىپى «چىقىرىش ئېغىزى»نىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتىلىق ھالدا سۈپەت تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈچىنچى تەرەپ ئاپپاراتقا دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنى سىجىل ھاۋالە قىلىپ، ئىلمىي ئۇنۋان نۇقتىلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىنى باھالاش، مەخسۇس تۈر بويىچە باھالاش، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىلمىي ئۇنۋان ساختىلىقىنى تۈگىتىش»كە تۈرتكە بولۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى پۈختا قەدەممۇ قەدەم ئېشىپ، 97%تىن يۇقىرى بولۇشىنى ساقلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە مائارىپ نازارىتى ئاسپىرانتلار مائارىپىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىلمىي پىلانلاپ، ئاسپىرانتلار مائارىپىدىكى «ھەل قىلغۇچ قەدەم»نى ياخشى تاشلاپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى نازارەت قىلىشنى چىڭىتىش قاتارلىق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ لايىقلاشتۇرىدۇ، تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ.

---

## شىنجاڭدىكى 41 جاي پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا - كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ تاللاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

«13 - بەش يىل» دىن بۇيان، شىنجاڭ يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەش، سىياسەت ئارقىلىق قوللاش، ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى قېزىپ چىقىپ، تەبىئەت ۋە شۇ جاينىڭ ئادەمىيەت ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، خاسلاشتۇرۇلغان، پەرقلىق، كۆپ خىللاشقان يېزا - كەنت ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى پائال ئېچىپ، تەبىئىي مەنزىرە، گۈزەل يېزا - كەنت، خاس يېمەك - ئىچمەك، ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ خاسلىقىغا ئىگە بىر تۈركۈم يېزا - كەنت ساياھەت نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلدى ۋە قۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانا مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: يېقىنقى ئىككى يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكى ۋە ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەت كەسپىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. دېھقانلار ئارامگاھى، پۇقراۋى قونالغۇ، ئىستىراھەت مېۋە ئۈزۈش بېغى، يېزا ئىگىلىكى ئېكسكۇرسىيە ساياھىتى، يېزا - كەنت ئىستىراھەت باش تېمىسىدىكى شادلىق باغچىسى، يېزا - كەنت ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق كەسىپ ھالىتىنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولدى. ئەتىراپتىكى نامرات ئائىلىلەرنى مەنزىرە رايونىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى، يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش كۆرگەزمىسى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىش قاتارلىق ساھەلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىپ قوبۇل قىلدى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمما ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت يىراقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەم ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەم دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئويلىشىپ، كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قۇرغاقچىلىققا، ئۇنۇمسىز يەرگە چىدامىلىق جىغان ئۆسۈملۈكىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

2001 - يىلى كىچىككىنە جىغان چىڭگىل ناھىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىش سەپىرىنى باشلىدى.

دەسلەپكى مەزگىلدە سىناپ ئۆستۈرۈپ بېقىشنى خالايدىغان كەنت ئاھالىلىرى كۆپ بولمىدى. تېخنىكا كەمچىل، پەرۋىش يىرىك بولغاچقا، جىغاننىڭ سۈپىتى تەكشى بولماي، كۆڭۈلدىكىدەك پايدا ئېلىپ كېلەلمىدى. «بازار تەرىپىدىن شاللىۋېتىلگىنى يىرىك پەرۋىش قىلىنغان تۆۋەن سۈپەتلىك جىغان ئىدى، بۇمۇ بىزنى ئەسكەرتتىكى، جىغان ئۆستۈرۈشتە قاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك» دېدى چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ جىغان ئۆستۈرۈش تەتقىقاتىغا ئەڭ بۇرۇن قاتناشقان ئالتاي ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى ۋاڭ جيەن.

سورت كىرگۈزۈپ سىناق قىلىپ ئۆستۈرۈپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدىكى قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ يېڭىش، كۆلەملەشكەن تەرەققىيات بازىسى قۇرۇش ئارقىلىق، جىغان چىڭگىل ناھىيەسىدە قاتمۇقات ئۆتكەللەردىن ئۆتتى.

2012 - يىلى چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك جىغان ئەلا سورت بازىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ھەر يىلى بۇ بازىنىڭ كۆچەت يېتىشتۈرۈش رايونىدا 3 مىليون تۈپتىن ئارتۇق ئەتلىك جىغان ئەلا سورتلۇق كۆچىتىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. 2015 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭدىكى تۇنجى شىرنىلىك مېۋە تەتقىقات مەركىزى چىڭگىل ناھىيەسىگە رەسمىي ماكانلاشتى. تەتقىقات مەركىزىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ليۇ ۋېي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «جىغان تۈپى ئۆسۈپ بەلگىلىك باسقۇچقا كەلگەندە، كەسپىلەر باغچە رايونىدىكى پارنىكقا كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ خىل مەركەزلىك يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى جىغاننىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ، تۆت - بەش يىلدىلا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ».

ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، چىڭگىل ناھىيەسى يەنە تارقاق يەرلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئەسلىھەلىك ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرۈش، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق يۆلەش قاتارلىق بىرقاتار بىرىكمە مۇشتنى ئاتتى.

2013 - يىلى ئىككى يىل ئېكىنزارلىقتا يەر تېرىغان ۋاڭ جۈنخۇا جىغان ئۆستۈردى. يەتتە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئارقا - ئارقىدىن 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، تۆت يېزا - بازاردىكى 12 مىڭ مو يەرنى ئوبوروت قىلىپ ھۆددىگە ئالدى، «ھازىر، جىغان بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىمىزدىكى ‹ئالتۇن جىغان›غا ئايلاندى!»

جىغان ئۆستۈرۈشنى كېڭەيتىش ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭگىلنىڭ جىغان كەسپىدە ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ، بازار قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنى قانداق سەپلەش كېرەك؟ چىڭگىل ناھىيەسى بۇنىڭغا ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب بەردى.

ئىختىساسلىقلار قەيەردە؟ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسى قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، ھەر يىلى ئون مەيدانغا يېقىن جىغان تېخنىكىسى مەخسۇس تېمىسىدىكى لېكسىيە ئۆتكۈزۈلۈپ، جىغاننى ئىلمىي كۆچۈرۈپ تىكىش، سۇغىرىش، پۇتاش، ئوغۇتلاش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق پۈتۈن جەريانلىق پەرۋىش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلدى.

مەبلەغ قەيەردە؟ 2013 - يىلى چىڭگىل ناھىيەسى 30 مىليون يۈەن قەرز مەبلىغى ئاجراتتى، بۇ يىل يەنە ئەتلىك جىغان خاس باغ - ئورمانچىلىق كەسپى تەرەققىيات تۈرىگە 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 30 مىڭ مو يەردىكى چېكىنگەن ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلەتتى.

بازار قەيەردە؟ چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ جىغان سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە ئالاقىدار تارماقلارنى ھەر خىل يەرمەنكە، كۆرگەزمە ئارقىلىق جىغان يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تەشكىللىدى. ھازىر چىڭگىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان جىغان يۈرۈشلۈكلىرى بويىچە ئۈچ چوڭ تۈردىكى 20 نەچچە خىل مەھسۇلات بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردا نۇقتا بېكىتىلىپ سېتىلىۋاتىدۇ. «ئالاقە تورى +»دىن پايدىلىنىپ سېتىش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، «شىنجاڭچە تەمنى ئىزدەش — تيەنماۋ جۇخۇاسۇەن مەخسۇس مېيدانلىق بېغى ‹چىڭگىل ئەتلىك جىغانلىرى›» قاتارلىق توردا سېتىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، تاۋباۋ، تيەنماۋ، جىڭدۇڭ، جۇڭگو جىغان تورى قاتارلىق سۇپىلاردا كەسپىلەشتۈرۈپ سېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

نۆۋەتتە چىڭگىل ناھىيەسى جىغان كەسپى باشلامچى كارخانىسىدىن ئۈچنى قۇرۇپ، تېز توڭلىتىلغان مېۋە، قۇرۇتۇلغان مېۋە، قويۇلدۇرۇلغان مېۋە شەربىتى، مېۋە مۇرابباسى، مېۋە شەربىتى ئىچىملىكى قاتارلىق ئادەتتىكى مەھسۇلاتلار، شۇنداقلا جىغان جەۋھىرى مېيى، مېۋە تالقىنى قاتارلىق قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، جىغان پىششىقلاش مەھسۇلات قىممىتىنى 50 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. باشلامچى كارخانىلار ھەر يىلى 400دىن ئارتۇق ئىش ئورنى، 6000دىن ئارتۇق پەسىللىك ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، 4600 يېزا ئەمگەك كۈچىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. جىغان كەسپى چىڭگىل ناھىيەسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى، كىرىمنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم يولغا ئايلاندى.

«ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، تۆت ئايدىن كۆپرەك ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن، ياخشى بولغاندا بىر كۈندە 500 - 400 يۈەن پۇل تاپالايمەن» دېدى چاغانغۇل يېزىسىنىڭ سار بۇلاق كەنتىدىكى بۇلغىنباي مەمنۇن بولغان ھالدا.

2018 - يىلى چىڭگىل ناھىيەسى ئارال ۋە ئاقدالادىن ئىبارەت ئىككى جىغان خاس كىچىك بازىرى قۇرۇلۇشىنى قوزغىتىپ، خاس كەسپىلەر بىلەن ساياھەت ئېكسكۇرسىيەنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. ياخشى مۇھىت شىنجاڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن زور تۈركۈم ساياھەتچىنى ئارقا - ئارقىدىن جەلپ قىلىپ، پۇقراۋى قونالغۇ، دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىق يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتى كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 15 مىڭ يۈەن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

«ھازىر شەھەرلىكلەر كەنتكە كېلىپ ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇ 50 - 60 مو يەردىكى جىغانلىرىم ئۇلارنىڭ ئۈزۈشىگە يەتمەيۋاتىدۇ!» دېدى چاغانغۇل يېزىسى يالتىراتاش كەنتىدىكى دېھقان مەيدىن ئەنسەر چېھرىدىن بەخت جىلۋىلەنگەن ھالدا.